# ئەخمەق قىلىدىغان، زومىگەرلىك قىلىدىغان يولسىزلارغا جەزمەن ھېچكىم يار ـ يۆلەك بولمايدۇ

## ـــ ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغانلار جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ

□ جۇڭ شېڭ

غەرب ئەللىرىدە ئۆزىنى بىلىش ئەڭ تەستە ئېرىشىدىغان بىلىم، دەيدىغان ماقال بار. ھالبۇكى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئۆزىنى ئېنىق تونۇيالماي، دۇنيانىڭ چوڭ ۋەزىيىتىنىمۇ ئېنىق تونۇيالماي، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان زومىگەرلىك سىياسىتى كونا يولدا زورلاپ ماڭدى.

«ئامېرىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» بايرىقى ئاستىدا، بۇ كىشىلەر باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق بەخت ـ سائادىتىنى ئەزەلدىن كۆڭلىگە پۈكۈپ باقمىدى. ئۇلار «جۇڭگو بىلەن بولغان سودىدا زىيان تارتىش سەپسەتىسى»نى باھانە قىلىپ سودا ئۇرۇشى قوزغىدى، لېكىن ئامېرىكىنىڭ ئۇزاق مۇددەت جۇڭگو بىلەن قىلغان سودىدىن ئېرىشكەن غايەت زور مەنپەئەتى ئۈستىدە ئېغىز ئاچمىدى؛ ئۇلار باشقا دۆلەتلەرنىڭ «ئامېرىكىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان»لىقىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى، لېكىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن يەر شارىغا تارقالغان ئاخبارات تورى توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىدى؛ ئۇلار دۇنيا سودا تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ھە دەپ زەربە بەردى، لېكىن ئۆزىنىڭ ھازىرقى يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق بەرپا قىلغۇچىسى ۋە ئۇنىڭدىن ئەڭ چوڭ مەنپەئەتلەنگۈچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا گەپ يوشۇردى... سودا ئۇرۇشىغا نىسبەتەن، ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ سودا مەسلىھەتچىسى پېتېر ناۋاررو تېخىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا: «ئامېرىكا باشقا دۆلەتلەردىن خېلىلا زور ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولغاچقا، باشقا دۆلەتلەر (ئامېرىكىغا قارىتا) ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك تەدبىر قوللىنىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ» دېدى. بۇنداق تەلۋىلىك ۋە كۆرەڭلىكتىن كىشىلەر «ئامېرىكىنى قايتا تۆرگە چىقىرىش» دېگەندەك بۇ ۋەزنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ يەتتى.

ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش، خالىغان سەنئەمگە دەسسەشكە تىرەك بولۇش ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق زومىگەرلىك لوگىكىسى: ئامېرىكا بېكىتكەن قائىدە پۈتۈن دۇنيانىڭ قانۇنى، ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن باشقا دۆلەتلەر چوقۇم شەرتسىز يول قويۇشى كېرەك. ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى پېنسىنىڭ «جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىق سەپسەتىسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇشىدىن ئاقساراي دۆلەت سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ناۋاررونىڭ بىمەنىلىك بىلەن جۇڭگو تاۋارلىرى «ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسى»نى رەنىگە قويۇۋاتىدۇ دەپ جاكارلىشىغىچە، يەنە ئاقسارايىنىڭ سابىق باش ئىستراتېگىيە مەسلىھەتچىسى بانوننىڭ «جۇڭگونىڭ ئېكسپورت ئوشۇقچىلىقى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى سانائەت رايونلىرىنى قۇرۇقدىۋەتتى» دەپ جار سېلىشىغىچە... «قولىغا بولقا ئېلىۋالغان» بۇ ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرى نورمال ئىقتىسادىي ئالاقىنىمۇ مىخ دەپ قاراپ، جۇڭگو خەلقىنىڭمۇ ئامېرىكا خەلقىگە ئوخشاش باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى كۆرەلمىدى. «ئامېرىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» چوڭ بايرىقى ئاستىدا، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئاچچىقنى باسالمىدى، ھەتتا پات ـ پات ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قوزغىدى. كىشىلەر يېقىندا گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېلنىڭ «ئۇرۇشتىن كېيىنكى تەرتىپنىڭ ئېنىقلىقلىقى»نىڭ يىمىرىلىشكە باشلىغانلىقىنى، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ تېخىمۇ جىددىيلەشكەنلىكىنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئامېرىكا پۈتۈن يەر شارىنىڭ رەقىبىگە ئايلاندى.

بۈگۈنگە كەلگەندىمۇ نېمە ئۈچۈن ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلار يەنىلا «غايىۋى دۆلەت» خىيالىغا چۆكۈپ قايمۇقۇپ يۈرىدۇ؟ تېخىچە «تاغ چوققىسى دۆلىتى» گۈزەل چۈشىنى كۆرىدۇ؟ بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب يەنىلا ئۇلارنىڭ تېخىچە ئاشۇ «زومىگەرلىك ـــ ھەقىقەت» دەيدىغان كونا قاراشقا بەك ئىشىنىپ، دۇنياغا بولغان تەسىرىنىڭ يەنىلا «ئورمانلىق قائىدىسى» كونا دەۋرىدە توختاپ قېلىپ، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە يەنىلا «مەدەنىيلىك توقۇنۇشى»دىن ئىبارەت كونا تەپەككۇردا چىڭ تۇرغانلىقىدا. بۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ھەمىشە ئۆزىنى خەلقئارا تەرتىپنىڭ قوغدىغۇچىسى، خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ھۆكۈمدارى دەپ ماختايدىغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىشىشى، جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇرلىشىشىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلار يەنىلا ئۆزىنى دۇنيانىڭ قۇتقۇزغۇچىسى دەپ خام خىيال قىلىۋاتىدۇ، يەنىلا پۈتۈن دۇنيانى ئۆز ئۆيىنىڭ ئارقا گۈللۈكى قىلىۋېلىۋاتىدۇ، ئۆكتەملىك قىلىپ، خالىغانچە ئىش قىلساق بولىدۇ دەپ قاراۋاتىدۇ، ھەتتا «ئامېرىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» ئارقىلىق، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش دەۋر ئېقىمىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشتەك زومىگەرلىك قىلمىشى خەلقئارا جەمئىيەتتە ھەممىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ھەسسىلەپ بېسىم ھېس قىلغان ئامېرىكا كارخانىلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تەڭشەش ئېلىپ باردى، خارلېد موتوسىكلىتى قاتارلىق «ئامېرىكا ياسىمچىلىقى» ئامېرىكىدىن «قاچتى»، ئېكسون موبىل ۋە تېسلا قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن جۇڭگوغا كېلىپ زاۋۇت قۇردى... ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن يەر شارىدا ھە دەپ زومىگەرلىك قىلىشى كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلغانلىق، خالاس. ئامېرىكا ئالىمى ستېفېن روۋاچ مۇنداق كۆرسەتتى: 2018 ـ يىلى، ئامېرىكا بىلەن دۇنيادىكى 102 دۆلەت ئوتتۇرىسىدا سودا تەتۈر بالانسى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچى ئامانىتىنىڭ ئىنتايىن يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى ـــ بۇنى پارلامېنت ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ يەڭگىللىك بىلەن خامچوت قىزىل رەقىمىنى تەستىقلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. تېخىمۇ كۆپ ئالىم مۇنداق كۆرسەتتى: ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق ئۇنىڭ خاتا سىياسىتىدىن كەلگەن، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنى ئەيىبلىمەسلىك كېرەك. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار كېسەلنى يوشۇرۇپ داۋالىنىشتىن باش تارتىپ، ئۆزىگە ئۆزى خاتا رېتسېپ يېزىپ، زورمۇزور باشقا دۆلەتلەرنى «ئامېرىكىنى قايتا تۆرگە چىقىرىش»قا توسقۇنلۇق قىلدى دېدى. يۇندىنى باشقىلارغا چېچىشتەك بۇنداق جاھىللىق ۋە ئۆزبېشىمچىلىق دۆلەت ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇشلا بولماي، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ كۆزىنى توسۇۋېلىپ، ئۆزىنى ياخشىلاش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئاقسىشى، خەلق ئىشلىرىنىڭ ئاقسىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خۇددى ئامېرىكا ئالىمى روبېرت كاگان ئېيتقاندەك: بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ۋە سىياسەت تۈزگۈچىلەر ئامېرىكىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ «تەسەۋۋۇرىدىكى زاۋاللىققا يۈزلىنىش ۋەھىمىسىدىن چىقىش قىلىپ، يەڭگىللىك بىلەن ماس تەدبىر قوللىنىپ، بىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتنى ئۆزىنى ھالاك قىلىش يولىغا باشلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن».

ئىنسانىيەت تارىخى تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنگە كەلگەندە، ھېچقانداق بىر دۆلەت باشقىلارنىڭ رايىغا قاراپ ئىش كۆرۈشنى، باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشى بويىچە ئىش قىلىشنى خالىمايدۇ. ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، سەممىي ھەمكارلىشىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش ھەرقايسى دۆلەتلەردە بولۇشقا تېگىشلىك بىللە ئۆتۈش يولى. ئەلۋەتتە، بىر قىسىم ھاكاۋۇر، جاھىل ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرىغا بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈش ئېھتىمال يەنىلا ناھايىتى تەس. ياخشى يېرى، رېئاللىق يالغان سۆزلىمەيدۇ، ھەققانىيەت ئەسلىدىنلا كىشىلەرنىڭ قەلبىدە. جۇڭگودا «ھەددىدىن ئاشساڭ ھاقارەتكە قالىسەن» دەيدىغان تەمسىل بار. ھەرقانداق بىر دۆلەت ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش يولىدا ماڭماي «نۆل يىغىندىلىق تىركىشىش»كە مەستخۇش بولسا، ئادىل رىقابەتلىشىش قائىدىسىگە بويسۇنماي باشقا دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىشكە مەپتۇن بولسا، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىش ئېقىمىغا قارىماي مۇتەئەسسىپلىكنى تاللىسا، ئاخىرىدا پەقەت ئۆزىگە تەرەپ ـ تەرەپتىن دۈشمەن تېپىۋالىدۇ، ھەممە يەردە دەككىسىنى يەيدۇ. ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش، ۋەزىيەتكە قارشى ھەرىكەت قىلىش بىر دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى خورىتىپ، ئۇنى تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە ئېگىز پەشتاقتىن غۇلىتىدۇ. تارىخىي دەرسلىكلەرنى ۋاراقلىساق، بۇ جەھەتتىكى دەلىل ـ ئىسپاتلار ھەقىقەتەن بەك كۆپ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# «بەش جاي، يەتتە تەرەپ» «شىمالىي شىنجاڭ مەنزىرىسى» چوڭ مەنزىرە رايونىنى ئورتاق قۇرۇشنى پىلانلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

لېكىن، «بەش جاي، يەتتە تەرەپ»نىڭ رايونلاشقان ھەمكارلىشىش، ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلاشتەك ئورتاق پايدا ئېلىش يولىدا مېڭىشىدا، باشلامچى ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولماسلىق، يېتەكلەش كۈچى كۈچلۈك بولماسلىق؛ ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى دېگەندەك مۇۋاپىق بولماسلىق، رىقابەت كۈچى كۈچلۈك بولماسلىق؛ پۈتۈن رايون ساياھەت مېخانىزمى تېخى راۋان بولماسلىق، ھەمكارلىق ئىقتىدارى كۈچلۈك بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلانغان.

يىغىندا، يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى تەرەپلەر ساقلانغان مەسىلىلەرنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلدى ھەم پۈتۈن رايون ساياھىتى تەرەققىيات تەشەببۇسنامىسى چىقاردى، بۇنىڭدىكى مەقسەت «بەش جاي، يەتتە تەرەپ»تە «ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلاش، ئۆزئارا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش، قول تۇتۇشۇپ ئورتاق قۇرۇش، تەرەققىياتنى ئورتاق پىلانلاش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش»تەك پۈتۈن رايون ساياھىتى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى شەكىللەندۈرۈپ، قول تۇتۇشۇپ «شىمالىي شىنجاڭ مەنزىرىسى» چوڭ مەنزىرە رايونى ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، رايون ئەۋزەللىكى، بايلىق ئەۋزەللىكى، ئادىمىيەت ئەۋزەللىكى، كەسىپ ئەۋزەللىكىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

پۈتۈن رايون ساياھىتى تەرەققىيات تەشەببۇسنامىسىدە رايونلار ئارا ساياھەت ھەمكارلىقى تەرەققىيات مېخانىزمىنى ئورتاق ئورنىتىپ، «بەش جاي، يەتتە تەرەپ» ساياھەت چوڭ مەنزىرە رايونى ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، بايلىقنى ئۆزئارا تولۇقلاشتۇرۇش، ئۇچۇرنى ئۆزئارا راۋانلاشتۇرۇش، قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش، سىياسەتنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىندا يەنە ھەر يىلى بىر جايدا پۈتۈن رايون ساياھىتى تەرەققىيات يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن رايون ساياھىتى تەرەققىياتىنى ئورتاق پىلانلاش؛ ساياھەت سەرخىل مەھسۇلاتىنى ئورتاق بەرپا قىلىپ، بىرلىشىپ شىمالىي شىنجاڭ سەرخىل مەنزىرە بەلبېغى ۋە سەرخىل مەنزىرە رايونى گۇرۇپپا بۆلىكى بەرپا قىلىش؛ ساياھەت بازىرىنى ئورتاق ئېچىپ، رايونلار ئارا ساياھەت مۇھىم، زور تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئورتاق قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىپ، بىرلىشىپ ئەۋزەل ساياھەت بايلىقىنى تونۇشتۇرۇش؛ رايونلار ئارا ساياھەت يوللىرىنىڭ ئۆزئارا تۇتىشىشى، ئۆزئارا راۋانلىشىشىغا ئورتاق تۈرتكە بولۇپ، رايونلار ئارا ساياھەت ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى، ساياھەت ئايروپىلانىنى ھۆددىگە ئېلىش، ئۆزئارا ئالاقىلىشىش، ئۆزئارا ئۇچۇشقا تۈرتكە بولۇپ، «بولۇت ئۈستى ئاممىۋى قاتنىشى» بەرپا قىلىش قاتارلىقلار قارار قىلىندى.



# ۋەتەنپەرۋەر گېنېرال ياڭ جيې:

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سادىق دوستى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۇنمىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر زى چياڭ)** يۈننەن ئۆلكىسى دالى قەدىمىي شەھىرى گۇاڭۇۋ يولىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدە، قەدىمىي ئۇسلۇبتىكى «سىخېي ۋۇتيەنجىڭ» بېزەك تۇرالغۇسى بولۇپ، ئۆلكە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىدۇر. بۇ، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىكى داڭلىق ئىستراتېگىيەچىسى، ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەچىسى ياڭ جيېنىڭ بۇرۇنقى تۇرالغۇسى. ھەر كۈنى نۇرغۇن ساياھەتچى بۇ يەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر گېنېرالنى ياد ئېتىدۇ.



ياڭ جيېنىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

ياڭ جيې، ئىسمى گېڭگۇاڭ، بېيزۇ مىللىتىدىن، 1889 ـ يىلى يۈننەن دالىدا تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن ئەقىللىق بولۇپ، «سۇنزى ھەربىي ئىشلار دەستۇرى»غا پىششىق ئىدى. 1908 ـ يىلى ياڭ جيې ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى كەسپىي ئەسكەرلەر شۆتاڭىغا كىرىپ ئوقۇغان، ئىككىنچى يىلى جۇڭگو تۇڭمېڭخۇيغا كىرگەن. 1911 ـ يىلى ياڭ جيې ۋەتەنگە قايتىپ، شىنخەي ئىنقىلابىغا قاتناشقان.

1915 ـ يىلى، ياڭ جيې ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، ئۇرۇشتا ئارقا ـ ئارقىدىن خىزمەت كۆرسىتىپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە جۇڭجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. 1921 ـ يىلى، ياڭ جيې يەنە بىر قېتىم ياپونىيەگە بېرىپ، ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆسىگە كىرىپ ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغان.

1924 ـ يىلى، ياڭ جيې ۋەتەنگە قايتىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خەلق ئارمىيەسى 3 ـ جۈننىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى، خېنەن قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1926 ـ يىلى خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ، شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك چوڭ ئۇرۇشىدا تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، گومىنداڭ ئىنقىلابىي ئارمىيەسى 1 ـ جىتۇەنجۈننىڭ باش سەنمۇجاڭى، باش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ سەنمۇسجاڭى، مەركىزىي قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆسىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە باشلىقى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ياڭ جيې سۇن جۇڭشەننىڭ «رۇسىيە بىلەن بىرلىشىش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش، ئىشچى ـ دېھقانلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسىتىنى ھىمايە قىلىپ، شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىدا، كوممۇنىستلار بىلەن دوستلۇق ئورناتقان. ھالبۇكى، سۇن جۇڭشەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جياڭ جيېشى چوڭ ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىنى يۇتۇۋېلىپ، كومپارتىيەنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان. ياڭ جيې بۇنىڭغا ئېنىق قارشى تۇرغان. 1930 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، جياڭ جيېشى مەركىزىي سوۋېت رايونىغا قارىتا 1 ـ قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابىي «قورشاپ يوقىتىش» ئېلىپ بارغان، ياڭ جيې جياڭ جيېشىنى نەسھەت بىلەن توسقان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىغاچقا، «ئۇنىڭ قىلمىشلىرىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ»، قىسمىدىن ئايرىلىپ شاڭخەيدە ئۆزىنى چەتكە ئالغان.

1937 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ياڭ جيې سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تەيىنلەنگەن تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق جۇڭگو ئۈچۈن زور تۈركۈمدە قەرز پۇل ھەم ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا كۈچلۈك ياردەم بەرگەن. ياڭ جيېنىڭ سىياسىي قارىشى جياڭ جيېشىنىڭكىگە زىت بولغاچقا، 1940 ـ يىلى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كېلىنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ چۇڭچىڭدا بىكار يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا، ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەسىگە ئائىت نۇرغۇن ئەسەر يېزىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلغان، جياڭ جيېشىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ، ئىچكى جەھەتتە ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن بىرلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جياڭ جيېشى ياڭ جيېنى ئۆزىگە تارتىشقا ئۇرۇنۇپ، ئۇنى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەپ، لۇڭ يۈن كۈچلىرىنى بىكار قىلماقچى بولغاندا، ياڭ جيې رەت قىلغان. كېيىن جياڭ جيېشى ياڭ جيېنى ئۆزىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىشىغا تەدبىر كۆرسىتىشى ئۈچۈن نەنجىڭدا ئېلىپ قالماقچى بولغاندا، ياڭ جيې كېسەلنى باھانە قىلىپ يەنە رەت قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن جياڭ جيېشى ئىشپىيون ئەۋەتىپ ياڭ جيېنىڭ بارلىق ھەرىكىتىنى نازارەت قىلغان.

1948 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى رەسمىي قۇرۇلغان، ياڭ جيې مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلىنىپ، غەربىي جەنۇب رايونىنىڭ تەشكىلىي تەرەققىياتى ۋە پائالىيەتلىرى قاتارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولغان. ئۇ خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا زىچ ماسلىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سىياسەتلىرىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، غەربىي جەنۇب رايونىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جياڭ جيېشىغا قارشى كۆرەشنى قانات يايدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سىچۈەن، شىكاڭ، يۈننەن ئارمىيەسىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنى تەشكىللەپ پىلانلىغان.

ياڭ جيېنىڭ سادىق، ۋەتەننى سۆيىدىغان، ھوقۇقدارلاردىن قورقمايدىغان، ھەقىقەتنى ياقىلايدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قوللىشى ۋە غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ياڭ جيېغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ھەم ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە كۆڭۈل بۆلگەن. 1949 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تېلېگرامما يوللاپ، ياڭ جيېنى دەرھال بېيجىڭغا كېلىپ سىياسىي كېڭەش 1 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغان. لېكىن، ياڭ جيېنىڭ غەربىي جەنۇبنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش خىزمىتىدە مۇئەييەن نەتىجە ـ ئۈنۈم كۆرۈلگەچكە، ياڭ جيې بۇ يەردىن ئايرىلسا خىزمەتكە تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ، تېلېگرامما قايتۇرۇپ يۈننەندىن ئايرىلىپ بېيجىڭغا بېرىشنى ۋاقىتنچە كېچىكتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ياڭ جيې شياڭگاڭغا مەخپىي ئۇچۇپ بېرىپ، شىمالدىكى ئازاد رايونغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان. 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ياڭ جيېنىڭ بەختكە قارشى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىق خەۋىرى بېيجىڭغا يېتىپ كېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنى كۈچلۈك زىلزىلىگە سالغان. جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىدا، رەئىس يىغىن نامىدىن جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ۋە ياڭ جيېنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە تەزىيە بىلدۈرگەن.

1982 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ياڭ جيېنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ ئېتىراپ قىلغان.

ياڭ جيې جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سادىق دوستى، ئۇنىڭ كومپارتىيەنى قوللىشى، جۇڭخۇا مىللىتىگە قوشقان تۆھپىسى تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ياڭ جيې دالى شەھىرىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى، ئۇنىڭ ئالىيجاناب ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى، ئېگىلمەس ـ سۇنماس دېموكراتىك روھى، ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىشتەك قەھرىمانلىق جاسارىتى ئەۋلادمۇئەۋلاد كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرمەكتە.